# دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە بېشىغا كېلىپ تۆت تەكبىر بىلەن جىنازە نامىزىنى ئوقۇغان

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە بېشىغا كېلىپ تۆت تەكبىر بىلەن جىنازە نامىزىنى ئوقۇغان
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن يارىتىلغان ئىدى، يەنە كىلىپ ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى، ساھابىلىرىدىن بىرەرسىنى كۆرمىسە ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇراتتى. بۇ قەبرە ئىگىسى ھەققىدە سورىغاندا ساھابىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىنى ئاڭلاتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مېيىت نامىزىنى ئۆزى ئوقۇشى ئۈچۈن ساھابىلەر خەۋەر قىلغان بولسىچۇ دەپ ئارزۇ قىلدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزى مېيىتكە خاتىرجەملىك، قەبرىسىدە نۇر ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ، ئادەتتىكىدەك مېيىت نامىزىنى ئوقۇدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ قەبرىدە ناماز ئوقۇغىنى قەبرە ئۈستىگە چىققانلىقىنى ئۇقتۇرمايدۇ، بەلكى قەبرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ مېيىت نامىزىنى ئوقۇغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5210

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee